

# «ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتاي ئىشغالىيىتىنىڭ ئىدىيىمىزگە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش» تەربىيە دەرسلىكى

(( سىناق نۇسقا ))

www.uymaarip.com

# 1-دەرس ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىمۋولى



دەرس سۆزلىگۈچى:

شۋېتسىيە مەھمۇت قەشقىرى ئانا- تىل مەكتىپىدىن: ئابدۇللاھ ئەھەت

| | ئۆگىنىش نىشانى: |
|---|---|
| بىلىم نىشانى | شەرقىي تۈركىستانىنىڭ دۆلەت بايرىقىدىكى رەڭ ۋە بەلگىلەرنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش. |
| ھېسسىيات، پوزىتسىيە، قىممەت قارىشى نىشانى | ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش |
| ھېسسىيات، پوزىتسىيە، قىممەت قارىشى نىشانى | ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش، قەدىرلەش ۋە ئۆز ۋەتىنىدىن پەخىرلىنىش ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەر پۇقرا بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىلىدۇ. |

| | ئۆگىنىش نىشانى: |
|---|---|
| ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى | دەرسلىك كىتاپ، دەرسلىك دېتالى، ( ئېلېكترونلۇق مىڭە ) كومپيۇتېر، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش قورالى. |
| ئوقۇتۇش ئۇسۇلى | ئىلھاملاندۇرۇش، مۇلاھىزىگە تەشكىللەش، سوئال- جاۋابلىق بايان قىلىش، خۇلاسە قىلىش. |
| ئۆگىنىش شەكلى | مۇلاھىزە قىلىش، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش. |
| مۇھىم نوقتا | ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقتىكى رەڭ بەلگىلەرنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسىنى بىلىش. |
| قىيىن نوقتا | ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. |



دوستلار! سىلەر ئۇلۇغ دۆلىتىمىزنىڭ بايرىقىنىڭ شەكلىنى ۋە بايراقتىكى ھەرقايسى شەكىللەرنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىنى بىلەمسىلەر؟



بىز شەرقى تۈركىستانلىق تۇرساق نىمىشقا بىلمەيمىز؟ شۇ ........1 دانە چوڭ يۇلتۇز ۋە ئاي بارغۇ شۇ....، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز.

ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق نېمە ئۈچۈن كىشلەرنىڭ
قىزغىن مۇھەببىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان؟





چۈنكى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق،
شەرقىي تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەلگىسى، ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىزنىڭ سىمۋولى.

# سىز بىلەمسىز؟



1933-يىلى11-ئاينىڭ12-
كۈنى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك
بايراق شەرقى تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى
قىلىپ بېكىتىلگەن.

ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ھازىرقى
جۇڭگونىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ
دۇنيادىكى سىموۋولى ۋە بەلگىسى.


ساۋاقداشلار! سىلەر دۆلەت بايرىقىدىكى رەڭ ۋە بەلگىلەرنىڭ
نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟



ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنىڭ كۆك
رەڭلىك بولۇشى, شەرقىي تۈركىستاندىكى
ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن كۆك
رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ.



ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقتىكى كۆك رەڭ،
بىپايان ئاسمانغا سىمۇۋول قىلىنغان.



1933- يىلى قورۇلغان شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ
باش مىنىستىرى سابىت داموللام.

1944- يىلى غۇلجىدا قورۇلغان
شەرقىي تۈركىستان
جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇمھۇرىيەت
رەئىسى، ئەلىخان تۆرە.



# شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گىربى توغرىسىدا



دۆلەت گېربى، ھىلال ئاينىڭ ئوك تەرىپىدە توققۇز ۋە سول تەرىپىدە توققۇز دانە نۇقتا بولۇپ، بۇ نۇقتىلارنىڭ، ھىلال ئاينىڭ ئەڭ تۆۋەن قىسمىدىكى ئۇچلىرى بۇغۇچ بىلەن باغلانغان. ھىلال ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان”بىسمىللاھىر راھمانىررەھىم“، ھىلال ئاينىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ ئۇچرىشىدىغان يېرىدە ئۈچ دانە يۇلتۇزدىن تەشكىل تاپقان بىر شەكىلدىن ئىبارەتتۇر.

ئون سەككىز دانە نۇقتا، شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغان ئون سەككىز تۈرك قەۋمىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۈچ يۇلتۇز بولسا شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا قۇرۇلغان كۆك تۈرك، ئۇيغۇر ۋە قاراخانىيلار دۆلەتلىرىنىڭ سىمۋولىدۇر.



ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقتىكى، ئاي ۋە يۇلتۇز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پاك ئېتىقادى بولغان ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دۆلتىمىزنىڭ ‹‹دۆلەت بايرىقى قانۇنى›› دا ،«ھەر- بىر پۇقرا دۆلەت بايرىقىنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئاسرىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.



**شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىدا، «دۆلەت بايرىقى» ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر، ھەر ھەپتىنىڭ 1 - كۈنى دۆلەت بايرىقى مۇراسىمنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش، ھەپتىنىڭ 2- 3- 4- 5- كۈنلىرى نورمال تەرتىپ بويىچە بايراق چىقىرىش لازىم دەپ بەلگىلەنگەن.**



تارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ئىسسىق قانلىرى ئارقىلىق بەدەل تۆلىگەن بىر نەچچە ئەۋلات قەھرىمانلىرىمىز، خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، باياشات، بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلىش، ئىسلامىي تۈزۈمنى ئورنىتىپ خەلقنى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا –مۇشەققەتلىك تارىخى جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن. دۆلەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى شەكىللەندۈرگەن.



بىز دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىنى كۆرۈش
ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە بولىشىمىز
كېرەك. بايراق چىقىرىش مۇراسىمىنى كۆرۈشكە شارائىتىمىز
بولمىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ سىمۋولى ۋە بەلگىسى بولغان
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى، ئۆيلىرىمىزنىڭ تاملىرى
ۋە بالكۇنلىرىغا ئېسىش ئارقىلىق ئۇنى
قوغدىشىمىز لازىم!





ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەممىمىزنىڭ پاك قەلبىمىزدە يىلتىز تارتسۇن، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراققا بولغان ھۆرمىتىمىز، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش قوغداشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلانسۇن، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ھەر- بىرىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ لەپىلدىسۇن!



مىللىي ئارمىيىنىڭ بۆكىدە، ئاي بىلەن
يۇلتۇز بار ئىكەن.

ئويلىنىپ بېقىڭ!!! ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قانداق
جايلاردا ئۆزىنى نامايەن  قىلدى؟



# قاراپ بېقىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قانداق جايلاردا ئۆزىنى نامايەن قىلدى؟

## ئەركىنلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى



قاراپ بېقىڭ، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قانداق جايلاردا ئۆزىنى نامايەن  قىلدى؟



ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق، شۋېتسىيە پارلامېنتىدا.


قاراپ بېقىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قانداق جايلاردا ئۆزىنى نامايان قىلدى؟
تەڭرى تېغىغا تىكلەنگەن ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق

# قاراپ بېقىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قانداق جايلاردا ئۆزىنى نامايەن قىلدى؟

2011- يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ
خوتەن ۋىلايىتى ناۋاغ كوچا
ساقچىخانىسىدا لەپىلدىدى.



# ئويلىنىپ بېقىڭ؟

بىز قايسى چاغدا بايراق چىقىرىمىز؟

ھەر ئەتىگەننىڭ ھەممىسىدە بايراق چىقىرىمىز.

بايراق چىقارغان ۋاقىتتا قايسى ناخشا ئورۇندىلىدۇ؟

دۆلەت شېئىر (مارشى) ى ئورۇندىلىدۇ.



مۇھاكىمە

# دۆلەت بايرىقىدىكى ھەرقايسى بەلگىلەر نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟

ئاي بىلەن يۇلتۇز، ئىسلامغا بولغان ئېتىقادنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلامغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ ، بەخت ۋە سائادەتنىڭ سىمۋولىدۇر.

كۆك رەڭ بىپايان
كەتكەن ئاسمانغا
ۋەكىللىك قىلىدۇ.

# خەيرى - خوش

پىلانلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئەھەت

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات تۇرغۇن

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇلجېلىل تۇران

لاھىيلىگۇچى: تۇرغۇن ھىمىت

شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى نەشر قىلدى


**Uiguriska utbildningsföreningen**

**Husingeplan 16, BV**

**163 64 Spånga ( Sweden )**